# تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتايلى

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پارتىيەمىزنىڭ بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئويغىنىشى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن دەۋرگە يېتىشىپ مېڭىشىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر. شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ: يېڭى دەۋردە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشىدا توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش قىلىش ھالىتى، بوران - چاپقۇنمۇ توسۇيالمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن ئىسلاھاتنى توختىتىپ قويماي، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى توختىتىپ قويماي، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشنىڭ ئېنىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ بىر پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان دەۋر. پۇرسەتنى تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يېڭى دەۋرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، داۋاملىق ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشتە. باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا چوڭقۇر قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، دۆلەت ئىچى - سىرتى تەرەققىيات مۇھىتىدا يۈزبەرگەن چوڭقۇر مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ئالدىدا، بىز تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش يولىدا مېڭىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا ئۆز ئورنىنى توغرا تاللاپ، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، بولۇپمۇ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، داۋاملىق دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشتا يەنىلا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش، بۆسۈش قىلىش كېرەك. ئىسلاھات مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئىسلاھاتتا تۈز يول يوق. ھازىر، ئىسلاھات يەنە بىر يېڭى تارىخىي پەيتكە قەدەم قويدى، بۇنىڭ كۆپىنچىسى مىسلىسىز يېڭى مەسىلىلەر بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى، سەزگۈرلۈك دەرىجىسى، مۈشكۈللۈك دەرىجىسى 40 يىل ئىلگىرىكىدىن قېلىشمايدۇ، جەزمەن تېخىمۇ زور سىياسىي جاسارەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن، تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تېز ھەم پۇختا قەدەم ئېلىپ مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، شېنجېننىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇشنى قوللاپ، تىزىملىك بويىچە تۈركۈملەپ ھوقۇق بېرىش شەكلى ئارقىلىق شېنجېنغا مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ كۆپ ئۆزىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى بېرىشنى قارار قىلىپ، 27 تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرى ۋە تۇنجى تۈركۈمدە ھوقۇق بېرىلگەن 40 تۈرلۈك ئىشنى بىراقلا ئوتتۇرىغا قويدى. شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، توغرا يۆنىلىشنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، تىرىشىپ مۇھىم ساھەلەردە بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم ئۈرنەك قىلغىلى، كېڭەيتكىلى بولىدىغان مۇھىم، زور تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. پۈتۈن دەۋرىيلىك باشقۇرۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىدارە قىلىش يېڭى يولىنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقىش كېرەك.

ئېچىۋېتىش ئىلگىرىلەش ئېلىپ كېلىدۇ، بېكىنمىچىلىك ئارقىدا قالدۇرىدۇ. ھازىر، دۇنيا ئىقتىسادى ئۇرغۇن مۇرەككەپ خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، بىز ھەرگىزمۇ قارشى شامال ۋە قايتما دولقۇن تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالماسلىقىمىز، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشىمىز، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمال سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنى تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قائىدە، ئۆلچەم قاتارلىق تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى باشلامچىلىق بىلەن بەرپا قىلىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. يېگانە گۈل ئاچسا پورەك، بەرمەس باھاردىن دېرەك، تولار زېمىن باھار پەيزىگە، بارچە گۈللەر ئاچقاندا پورەك. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇشتىكى 40 يىللىق ئەمەلىيەت دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق قاتنىشىشىدىن ئايرىلمايدۇ، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەرگە كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىپ بەردى، ئۇلارنى تەرەققىيات مەنپەئەتىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ قاتنىشىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش، ئورتاق پايدا ئېلىش يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشىنى قارشى ئالىمىز.

ئەمەلىيەت تەرەققىياتنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇشنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. شېنجېن قاتارلىق ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۆزنەكلىك ۋە ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرساقلا، بىز چوقۇم يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، توختىماي ئالغا بېسىپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ۋە گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك. ئۇزاقتىن بۇيان، جىياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشتىن - ئاخىر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىگە كىرگۈزۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى زىچ چۆرىدەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەزمۇنىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا بۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ، قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. ھازىر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى يېڭى تارىخىي مەزگىلگە قەدەم قويدى، بىز سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىككى ئۆلكە - ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭقۇر ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

ۋۇ جېڭلۇڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى جىياڭسۇغا تاپشۇرغانلىقى جىياڭسۇغا ناھايىتى زور ئىشەنگەنلىكى، شۇنداقلا بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان سىياسىي مەسئۇلىيىتىمىز. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى ئاساس، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «14 - بەش يىل» مەزگىلدە شىنجاڭ ھەم بىكتۇەنگە نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى پىلانلاپ، ياخشى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا كۈچەپ، شىنجاڭغا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قول تۇتۇشۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا جىياڭسۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىمىز، جىياڭسۇ تۆھپىسىنى قوشىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاتۇش شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، قورغاس شەھىرى، قورغاس ناھىيەسى، كۈيتۇن شەھىرى، بىكتۇەن 7 - شىسى ئېچىنتال شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دوختۇرخانا، مەكتەپ، كەسپلەر باغچە رايونى، چېگرا پورتىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

جىياڭسۇ، ئاپتونوم رايون ھەم بىكتۇەن رەھبەرلىرىدىن خەن لىمىڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، پېڭ جيارۇي، جاۋ چىڭ، لىيۇ سۇشې، ياۋ شىنمىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانى مەھكەم ئىگىلىنىپ، دىققەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2020 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ‹مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش› بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار پۇقراۋى كارخانىلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى» ئوقۇپ ئۆتۈلدى، 139 شەخس ھەم 49 كوللېكتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 81 پۇقراۋى كارخانا «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار پۇقراۋى كارخانا دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى ئىشلەش 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى كونكرېت ھەرىكەت، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تاماملاش جېڭىنى ياخشى قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، جەزمەن سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار تىپلارنى تۇرغۇزۇپ، تەشۋىق قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى تاۋلاپ، ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك ئىدىيە كاپالىتى ۋە ئاممىۋى پىكىر مۇھىتىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن «نەمۇنىلىك ئۈلگە»، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەش كېرەك. ئىجابىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەرلىك خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاخبارات تەشۋىقاتى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقاتى، تور تەشۋىقاتى، جەمئىيەت تەشۋىقاتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق تارقىتىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى سۈپەت يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا قىسمەن تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى، ئاخبارات ۋاستىلىرى ھەم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جۈرئەت ئىمىن، جاڭ بو، ۋەن خېچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتەكلەش كۈچى، تەشكىللەش كۈچى، مۇلازىمەت كۈچىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن ياشلىق ئەقىل - پاراسىتىمىز، ياشلىق كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى زالىدا، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ ۋۇلۇڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا لېكسىيە سۆزلىدى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ لوپ ناھىيەسىنىڭ شەھەر رايونى كوچىسى مىنلې مەھەللىسىگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىا بىلەن يۈزئارا پىكىر ئالماشتۇردى.

مىنلې مەھەللىسىنىڭ 1 - شۇجىسى سەمەت سىراجى مۇنداق دېدى: «سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، مەن يىغىن روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. مەن 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىمەن، قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىمەن.»

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ھەبى سالام پىچان ناھىيەسىگە كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ پىچان ناھىيەسىدىكى ئورگان، كەنت (مەھەللە) كادىرلىرى ۋەكىللىرى ۋە كارخانا ۋەكىللىرى بىلەن يۈزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نەق مەيداندا كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى.

«لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىز ئىنتايىن روھلاندۇق.» پىچان ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جوۋ خۇڭيۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئۆزئاققىچە ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايمىز.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونىغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى. ئىلھام 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار مۇھىم نۇقتىئىنەزەر، مۇھىم، زور ھۆكۈم ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى زىچ چۆرىدەپ، ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈردى ھەم مايتاغ نېفت خىمىيە شىركىتىگە كېلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

مايتاغ نېفت خىمىيە شىركىتى نېفت ئايرىش زاۋۇتى ھىدروگېنلاشتۇرۇش بىرلەشمە سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن جېجيې مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولدى، بىز ھەممىمىز نەپ ئالغۇچىلار. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپىمىزنى قوشىمىز».

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ جيەنلۇڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونى خۇادىيەن شىمالىي ۋۇسەيۋەن 1 - ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ پىكىر ئالماشتۇردى.

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئىقتىساد - تەرەققىيات ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سادىق سەمەت مۇنداق دېدى: «بىز مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىمىزگە قويۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆگىنىش نەتىجىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىمىز».

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) دۇەن لياڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە لېكسىيە دوكلاتى بەردى. چۈشتىن كېيىن، چۆچەك شەھىرىنىڭ تىنچلىق كوچىسى مەيدان مەھەللىسىدە، دۇەن لياڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىا بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى، نەق مەيداندا كەيپىيات قىزغىن بولدى.

مەيدان مەھەللىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى نۇرلان زارقۇم مۇنداق دېدى: «مەن ئاساسىي قاتلامدىكى ياخشى لېكسىيە سۆزلىگۈچى بولۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى مەھەللىدىكى ھەربىر ئائىلىگە يەتكۈزىمەن».

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېركەش قورمانبېك بۇرچىن ناھىيەسىدە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا چوڭقۇر مەزمۇندا لېكسىيە سۆزلىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: « 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، ئۆگىنىش جەريانىنى تونۇشنى ئۆستۈرۈش، خىزمەتنى ياخشىلاش جەريانىغا ئايلاندۇرىمىز».

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دىڭ شوۋچىڭ يەكەن ناھىيەسىگە كېلىپ، سىنلىق يىغىن شەكلىدە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ لېكسىيە سۆزلىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: «3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈپ چىقىمىز».

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار شيا چىڭ، گې يوۋجۈن، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن شى يېڭيىڭ، قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن گاۋ يۇفېي، چۆچەك مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋېن بو، زىياڭ جاۋمېي، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لى شىنئەن، تۇردى ئىمىن، زىۋەرگۈل قادىر، لىيۇ شىنشىن، سۇڭ شۇچى، خو رەن)**